# زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەردىنمۇ بەكرەك ئاللاھقا ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل يوقتۇر

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەردىنمۇ بەكرەك ئاللاھقا ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل يوقتۇر، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھسسالام: «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ ئەۋزەل، لېكىن بىر كىشى ئۆزىنىڭ جېنى بىلەن ۋە مېلى بىلەن ئاللاھ يولىدا چىقىپ قايتمىغان بولسا بۇنىڭ ساۋابى ئارتۇق بولىدۇ ئەلۋەتتە،» دېدى.

[تېكىست توغرا] [بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ھەدىسنىڭ لەۋزى ئەبۇ داۋۇدقا مەنسۇپ]

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر-ساۋابى، يىلنىڭ باشقا كۈنلىرىدە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر-ساۋابىدىن ئەۋزەل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ساھابىلار پەيغەمبەرئەلەيھسسالامدىن: بۇ ئون كۈندىن باشقا ۋاقىتتا ئاللاھ يولىدا قىلىنغان جىھادنىڭ ئەجىر-ساۋابى ئەۋزەلمۇ ياكى مۇشۇ ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر ساۋابى ئەۋزەلمۇ؟ دەپ سورىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ھەممە ئەمەللەردىن ئەۋزەل دېگەن ئۇقۇم ئورۇنلاشقان ئىدى. پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ: مۇشۇ ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر-ساۋابى بۇ ئون كۈننىڭ غەيرىدە قىلىنغان جىھادتىنمۇ ئەۋزەل بولىدىغانلىقى، لېكىن بىر كىشى ئاللاھ يولىدا مېلى بىلەن ئۆزىنى خەتەرگە تەييارلاپ جىھادقا چىقىپ، مېلىنى چىقىم قىلىپ ئۆزى ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇپ كەتكەن بولسا بۇنىڭ ئەجىر-ساۋابىنىڭ كاتتا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. مۇشۇنداق قىلسا بۇنىڭ ئەجىر-ساۋابى مۇشۇ ئون كۈندە قىلىنغان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئەجىر-ساۋابىدىن كاتتا بولىدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6255